# ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئامېرىكا تەرەپنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا يول قويمايمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى شۆ جاۋبىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى غەربىي رايون پىلانىنىڭ پىدائىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىمغا بەش يىلدىن ئاشتى، بۇ جاي ئاللىقاچان مېنىڭ ‹ئىككىنچى يۇرتۇم›غا ئايلاندى. ئىلگىرىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولۇشتىن تارتىپ ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىگەنگە قەدەر، مەن شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاستە ھېس قىلدىم. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش ‹قانۇن لايىھەسى›دە پاكىتقا كۆز يۇمۇلۇپ، تىرىشچانلىقىمىز كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىندى، بۇنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس».

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى گۈلشات شېرئەلى مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باقايلى، ئامېرىكا تەرەپ ‹مۇسۇلمانلارنى چەكلەش بۇيرۇقى›نى ئېلان قىلدى، ئامېرىكا ـ مېكسىكا چېگرا تېمىنى سېلىشقا تۈرتكە بولدى، بۇ قىلمىشلار ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق قوۋملارغا بولغان ھەقىقىي پوزىتسىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار يەنە قانداقمۇ يىراقتىكى جۇڭگو شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلسۇن؟»

### ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى ھەممىگە ئايان

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى نىجات مۇختەر ئىلگىرى دوستلىرىنىڭ تەسىرىدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان. توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنىنى گىرىم قىلدۇرمىغان، بالىسى ئاغرىپ قالسىمۇ دوختۇرخانىغا ئاپارمىغان، يەنە باشقىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئارىلاشقان. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە قانۇن بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندە، مەن ئىلگىرى خوتۇنۇمغا قانچىلىك ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىمنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتىم. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ كەچۈرۈم سورىدىم، شۇ ھامان خوتۇنۇمنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.» تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، نىجات ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بارغانسېرى ئىناق ئۆتىدىغان بولدى، «مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىمەن، مەن بەختلىك ئائىلەمگە قايتا ئېرىشتىم».

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى غەيرەت ئەنۋەر 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوتەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قارا تۇمانلىرى ئارىسىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ھەربىر تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە يېقىندىن دىققەت قىپتۇ. مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا نوتا ئۆگىتىپتۇ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا تېخنىكا ئۆگىتىپتۇ، ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىشكە يېتەكلەپتۇ. «ئۇلاردىكى ئىلگىرىلەشلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم» دېدى غەيرەت.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كامىل سەمەت مۇنداق دېدى: «پەرزەنتى خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئانا ۋەتەننىڭ كارى بولماي قالامدۇ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەرگىزمۇ كىشىلىك ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغان تەدبىر ئەمەس. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن ـ نىزام، كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگەندى، كۆپ قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆگەنگەن ماھارىتىگە تايىنىپ، رازى بولغۇدەك خىزمەت تېپىپ، بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى».

#### ھەر مىللەت ئامما جەمئىيەت، ئىقتىساد تەرەققىياتىدىن نەپكە ئېرىشتى

«ئىلگىرى شېغىل يوللار ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولغاچقا، 1984 ـ يىلى مەن شاڭخەيگە داشۆدە ئوقۇشقا بارغۇچە گومىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈنلا ئالتە كۈن يول يۈرگەندىم.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرغۇن ئۆمەر ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن يۇرتۇمدا ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم. بۈگۈنكى كۈندە، مەن ھەر قېتىم گومىغا تۇغقان يوقلاپ بارغاندا ئايروپىلاندا ياكى پويىزدا بارىدىغان بولدۇم، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولمۇ ناھىيەگە تۇتاشتۇرۇلدى، ئاسفالت يول يېزا ـ كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلدى. كەنتتىكى قاتار ـ قاتار رەتلىك، چىرايلىق سېلىنغان ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيلىرىنى كۆرۈپ، چىن كۆڭلۈمدىن يېڭى جۇڭگودا تۇغۇلغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلدىم ۋە پەخىرلەندىم».

خوتەن ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلدە، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان تۇنسا مەتروزى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. بۇ يىل 2 ـ ئايدا تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېزا باشلىقى ھەببە يۈسۈپ ئۇنىڭ ئاياللار ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ياردەم مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، شۇ جايدا چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىشىغا ياردەملەشتى. «دۇكىنىمنىڭ ئىسمى ‹مېيلىبېر› بولۇپ، مەنىسى بارلىق مېھمانلارنى گۈزەللەشتۈرۈش، خۇشال قىلىش. نۇرغۇن ئاچا ـ سىڭىللار دۇكىنىمدىن چىققاندا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مېنىڭ ھۈنىرىمنى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن دەپ ماختىشىپ كېتىدۇ». تۇنسا مۇنداق دېدى: «ھازىر مەن ھەر ئايدا 6000 يۈەن تاپالايمەن، يەنە نامرات ئائىلىدىكى ئىككى قىزنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدىم. كەلگۈسىدە دۇكاننى يەنىمۇ چوڭايتىمەن».

قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىنىڭ ئاھالىسى شىڭ يەنفېڭ مۇنداق دېدى: «بۇ بىرنەچچە يىلدا مۇقىملىق پايدىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا بارغانسېرى تونۇلۇپ، مايتاغ تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى، بۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، شەھەر قىياپىتىدىمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور ئۆزگىرىش بولدى».

«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاۋات ناھىيەسى ئىچكىرى رايونلاردىكى بىر تۈركۈم كارخانىلارنى كېلىپ مەبلەغ سېلىپ، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى، ھەر مىللەت ئامما ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان بولدى، نامراتلىقنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى 14.89%تىن 2.2%كە تۆۋەنلىدى، بۇ يىل يىل ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي گەۋدە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. غەربتىكى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان ئاشۇ سىياسەتۋازلار، سىلەر ‹قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش›نىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئوبۇلقاسىم مەتتۇرسۇن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىكىدە مىقدار، سۈپەت، باھانىڭ تەڭ ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەتراپتىكى 3 مىليون موغا يېقىن باغقا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرتكە بولۇپ، باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈركۈم ئۈلگىلەرنى شەكىللەندۈردى.

باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى پەرۋىش قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلار يەنە ھەم نەزەرىيە بىلىمى بار، ھەم ئەمەلىي تەجرىبىسى بار بىر تۈركۈم باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى ئاساسلىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا بېرىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دائىم تۇرۇپ، يېزا ـ كەنت كادىرلىرى، باغۋەنچىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى، باغۋەنلەرنى ئاساسلىق تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىپ، ئېتىزدا ئۈلگە كۆرسىتىپ ئوچۇق دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەربىيەلەشكە تاللاپ ئەۋەتتى. ھازىرغا قەدەر، باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى جەمئىي 12 مىڭ مەيداندىن ئارتۇق تېخنىكىلىق تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇقنى تەربىيەلىدى، بىر تۈركۈم «يەرلىك مۇتەخەسسىس» «ئېتىز شىۋسەي»لىرىنى يېتىشتۈردى. ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش سىستېمىسىنى كۈنسىرى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋەنچىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى ھەمكارلىق كوپېراتىپى(مۇلازىمەت ئەترىتى)دىن جەمئىي 1020سى قۇرۇلۇپ، ئادەم سانى 36 مىڭغا يەتتى، بىر تۈركۈم باغۋەنچىلىك تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جانلىق خىزمەت قىلىپ، باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئاساسلىق باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى يەنە «يەرلىك رېتسىپ بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل» ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تېخنىكا ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كېسەللىك ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى خۇلاسىلەپ كېڭەيتىپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ياڭاق چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان سۇدىن مۇداپىئەلىنىش چەمبىرىكى بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق باغۋەنچىلىك رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، ياڭاق چىرىش كېسىلى يۈزبېرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى. يېڭىسار ناھىيەسى ئۆرۈك مېۋە قۇرتىنىڭ غوزەك تۈتۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، مېۋە قۇرتىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، قۇرت چۈشكەن مېۋە نىسبىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، مېۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى. «يەرلىك رېتسىپ بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن» بىر قاتار پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرى ۋە كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىلىرى باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تىپنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

# ماھارىتى، خىزمىتى، مۇقىم كىرىمى بار بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە تەقەززا بولغان بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن بىللە، داڭلىق «نېفىت شەھىرى» قاراماي̱غا كېلىپ، «ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سەپىرى»نى باشلىدى.

قىسقىغىنا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئۇ ناھايىتى تېزلا يېڭى خىزمەتكە ماسلىشىپ، شەھەر تۇرمۇشىغا سىڭىشىپ، ئايلىق مۇقىم كىرىمى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە ئىنىسىنىڭ داشۆدە ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالدى. «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە مۇشۇنداق ياخشى سىياسەتنى بېرىپ، ماڭا قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشنى، قانداق قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ قىممەت يارىتىشنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت، مەن پۇل تېپىپ ئۆزۈمنى بېقىپلا قالماي، يەنە ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەيمەن».

2018 ـ يىلى، شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، يىرىك پىلاندا نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە(شەھەر)گە قارىتا، ئۈچ يىل ۋاقىتتا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 100مىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئەمگەك كۈچى جەمئىي 126 مىڭ 600 كىشىگە يېتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىرىك پىلانىدىكى نىشان ـ ۋەزىپە مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

بىر كەسىپ ئىشچىسى بولۇش 27 ياشلىق مەمەتئابلا تۇرسۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش بولدى.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ 9 ـ يېزىسى 2 ـ كەنتىدىكى مەمەتئابلا تۇرسۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز بولۇپ، ئۆيدە يەنە مومىسى، سىڭلىسى، ئىنىسى ۋە ئۈچ ياشلىق بىر قىزى بار. ئىلگىرى ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئاساسلىقى يەر تېرىشتىن كېلەتتى، ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا تامچىلىق قىلاتتى، ئۇ باللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، چوڭلارنى كۈتمىسە، كىچىكلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى، تۇرمۇش بېسىمى ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قاراماي بۇرغىلاش شىركىتىدە ئىشلىگەندىن كېيىن، مەمەتئابلا تۇرسۇن نېفىت بۇرغىلاش ئىشچىسى بولدى. «بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى، مۇنچا بار، ياتاقتا ھاۋا تەڭشىگۈچ، توك پار ئورنىتىلغان، يەنە كەسپىي تۇرمۇش مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى بىزنىڭ تاماقىمىزنى ئېتىشكە، ياتىقىمىزنى تازىلاشقا، خىزمەت كىيىملىرىمىزنى يۇيۇشقا مەسئۇل. ئاشخانىنىڭ تاماق تۈرلىرى بەك مول، بەك يېيىشلىك، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مەن نەچچە كىلوگرام سەمرىپ كەتتىم».

ھازىر، مەمەتئابلا تۇرسۇننىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەنگە يېتىدۇ، خىزمەت نەتىجىسى ياخشى بولغاندا يەنە مۇكاپات ئالالايدۇ، ئايدا ئائىلىسىگە 4000 يۈەن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر كالا، بىر توكسىكلىت ئېلىپ بەردى، يەنە 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك قەرزنى قايتۇردى، ئائىلىسىدىكىلەر خۇشال بولۇپلا قالماي، قوشنىلارمۇ ئۇلارغا ناھايىتى ھەۋەس قىلدى.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېغىر نامرات رايون بولغان «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ بىرى. بۇ جايدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر شەھەر ـ بازار، كارخانا، كەسىپلەر باغچە رايونلىرىغا بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىچكىرى رايونلاردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرگە بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرگە بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ يۇغۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئومۇمەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار، مەلۇم ماھارەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئەمگەكچىلەرگە قارىتا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغانلارنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاساسىي قاتلامدىكى تېخىمۇ كۆپ ئامما «ئاز قاترايدىغان، كېسەلنى ئوبدان داۋالىتالايدىغان» بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دوختۇرخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە شاڭخەيدىكى داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنى توردا بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشقا تەكلىپ قىلىپ، داۋالاش لايىھەسىنى بېكىتتى. ھازىر، شېرىنئاينىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

شېرىنئاي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھازىر بەدىنىمدە قىزىل تاشمىلار قالمىدى، ناھىيە بازىرىدىن چىقمايلا كېسەلنى ياخشى داۋالاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، پۇلمۇ جىق كەتمەيدىكەن، مەن بۇنداق كېسەل كۆرسىتىش ئۇسۇلىدىن بەك رازى بولدۇم».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون سەھىيە ـ ساغلاملىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سېپىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، جەمئىي 440 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ـ ئوبلاست ـ شەھەر، ناھىيە ـ شەھەر ـ رايون ئۈچ دەرىجىلىك مەۋھۇم بۇلۇت سۇپىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك 126 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا بۇلۇت سۇپىسىغا ئۇلاندى، 70 مىليوندىن ئارتۇق ئېلېكترونلۇق كېسەل تارىخى سانلىق مەلۇماتى توپلاندى، كېسەلگە يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش جەمئىي 200 نەچچە مىڭ قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، شىندىيەنتۇ ئارقىلىق يىراقتىن دىياگنوز قويۇش، تەسۋىرىي سۈرەت ئارقىلىق يىراقتىن دىياگنوز قويۇش ۋە يىراقتىن پاتولوگىيەلىك تەكشۈرۈش 500 نەچچە مىڭ قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇچۇرنى كۆپ ئالماشتۇرۇش، ئاممىنى ئاز قاترىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ ياردىمىدە، 16 يېزا ـ بازارلىق شىپاخانا، 171 كەنت داۋالاش ئۆيىگە تۇتاشقان يىراقتىن دىياگنوز قويۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئاغرىق ئۈچۈن داۋالىنىش خىراجىتىنى 1000 يۈەندىن ئارتۇق تېجەپ بەردى. قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئۇچۇر ۋە يىراق مۇساپىلىك تېبابەت باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بەختىيار مۇختەر مۇنداق دېدى: «ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنى مەركەز قىلغان كەنت، يېزا، ناھىيە، ئاپتونوم رايون، دۆلەت بەش دەرىجىلىك يىراق مۇساپىلىك سۇپىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدا، بىز شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا بىلەن ھەمكارلىشىپ، 3500 كېسەلگە يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويدۇق، يېزا، كەنت ئىككى دەرىجە ئۈچۈن تەمىنلىگەن يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش مىقدارى بىر يېرىم يىلدىلا 4000دىن ئاشتى».

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يىراقتىن داۋالاشنىڭ يېزا ـ بازارلارنى قاپلاش نىسبىتى 62.33%كە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فېڭ دۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى ئىشىك ئالدىدىلا ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك تېببىي خادىملارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.